# هايات ئۈچۈن هايات!

قەدىرلىك كىتابخان!

سىزگە بىر قانچە يىللار ئالدىدا يۈز بەرگەن، كىشىنى ئىنتايىن هاياجانلاندۇرىدىغان ۋە هەيران قالدۇرىدىغان بىر ۋەقەنى ئېيتماقچىمەن.

بىر قانچە يىللارنىڭ ئالدىدا، شەرق ئەللىرىنىڭ بىرىدە، خاراكتېرلىرى بىر-بىرىنىڭ دەل ئەكسىچە بولغان ئىككى ئاكا-ئۇكا ئۆتكەن بولۇپ، ئىنىسى ئەتىدىن-كەچكىچە هاراق ئىچىپ، هەر خىل گۇناهلار ئۆتكۈزۈپ يۈرىدىكەن. گۇناهىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قەلبىدە كىچىككىنە ئارزۇمۇ قىلمايدىكەن. قىسقىسى، ئۇ رەزىل، چۈشكۈن پەسكەش بىر هايات كەچۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ.

ئاكىسى بولسا، ئۇنىڭ ئەكسىچە خۇدادىن قورقىدىغان، كىچىك پېئىل، خەير-ساخاۋەتلىك پاك هايات كەچۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنى هەقىقىي بىر ئېتىقاد بىلەن خۇداغا ئاتىغان، دۇنيانىڭ گۇناهلىرىدىن يىراق بىر ئادەم ئىكەن. ئۇ ئىنىسىنىڭ بۇ پەسكەش هاياتىغا هەسرەتلەنگەن هالدا، كۆز ياشلىرى بىلەن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ، بۇ رەزىل هاياتىدىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلسىمۇ، ئىنىسى ئۇنىڭ يالۋۇرۇشلىرى ۋە

سۆزلىرىگە پىسەنت قىلماپتۇ، ئەكسىچە، ئۆزىنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن كاردىن چىقىرىشىنى توختاتماپتۇ. ھەر كۈنى بۇ خىل چۈشكۈن تۇرمۇشنى تۈن يېرىمىگىچە داۋاملاشتۇرىدىكەن ۋە ئاكىسىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن خۇداغا چىن دىلىدىن دۇئا-تىلاۋەت قىلىۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولمايدىكەن.

بىر كېچىسى ئاكىسى ئۆيدە يالغۇز ئىنىسىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغىنىدا دەرۋازىنىڭ قاتتىق قېقىلغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. دەرھال يۈگۈرۈپ چىقىپ، دەرۋازىنى ئېچىشى بىلەن ئىنىسى قورۇغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ، قورقۇنچلۇقتا ئۇنىڭ چىرايى تارتىرىپ تىترەپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى قانغا مىلەنگەن بولۇپ...

ئاكىسىغا :- «مەن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەنىدىم! ساقچىلار مېنى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، مېنى دەرھال يوشۇرۇپ قۇتقۇزۇۋال! قارا، بۇ ئۇنىڭ قانلىرى..» دەپتۇ.

ئاكىسى ئۇنى ھېچكىم تاپالمايدىغان يەرگە يوشۇرۇشنى ئويلاپتۇ. ئۇنىڭ قېرىندىشىغا بولغان سۆيگۈسى چەكسىز ئىكەن. ئۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي، ئىنىسىنىڭ قانلىق كىيىملىرىنى ئۆزى كىيىپ، ئۆز كىيىملىرىنى ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپتۇ-دە ئۇنى بىر ئامبارغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن ساقچىلار يېتىپ كېلىپ، ئۆز ئارا:

«توغرا، مۆلچەرلىگىنىمىزدەك مۇشۇ ئۆي ئىكەن» دېيىشكىنىچە ئاكىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، چىرايىغا ۋە

كىيىم-كېچەكلىرىگە قاراپتۇ. ساقچىلاردىن بىرى ئۇنىڭدىن:
— قاتىل سەنمۇ؟ دەپ سوراپتۇ.
ئۇ جاۋاب بەرمەپتۇ. تاقەتسىزلەنگەن ساقچى يەنە بىرىگە: «نېمىسىنى سورايسەن، كىيىملىرىنىڭ قانغا مىلەنگىنىنى كۆرمىدىڭمۇ! كەل ئۇنى باغلاپ ئېلىپ ماڭايلى!» دەپتۇ.
ئاندىن ئۇنىڭ قوللىرىنى باغلاپ، قاراڭغۇ يوللاردىن ئۆتكۈزۈپ يىراق بىر يەرگە ـ ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە تۈرمىدە بىر قاماقخانىغا سولاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە كېلىپ ئۇنى سوراق قىلغاندا، ئۇ باشقا گەپ قىلماي:
ـ بۇ جىنايەت ئۈچۈن بەربىر ئۆلىمەن، ھۆكۈمنى قانچە تېز ئىجرا قىلساڭلار، مەن ئۈچۈن شۇنچە ياخشى— دېگەن جاۋابنى بېرىپتۇ.
بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئۇ سوتقا ـ ئېلىپ بېرىلىپتۇ. ئۇنىڭ قانغا مىلەنگەن كىيىملىرىنى كۆرگەن سوتچى:
ـ شاھىتنىڭ ھاجىتى يوق، ۋەقە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ- دەپتۇ ۋە ئەيىبلەنگۈچىدىن:
«ئادۋوكاتىڭ بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ.
— يوق — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەيىبلەنگۈچى.
—ئۆزۈڭنى ئاقلاشنى خالامسەن؟
— ئەيىبلەنگۈچى ئۆزىگە ئىشەنگەن تەلەپپۇز بىلەن
— ياق خالىمايمەن — دەپ كەسكىن جاۋاب قايتۇرۇپتۇ.

كېيىن كۆزلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان بىگۇناھلىقنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇلاردىن بېشىنى بۇراپتۇ. سوت

ئاخىرىدا ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىپتۇ. گۇناھكار زۇۋان سۈرمەي ئۆلۈمنى كۈتۈپتۇ. قارار ئىجرا قىلىنىدىغان كۈنىنىڭ ئالدىنقى كۈنى گۇناھكار كۈتۈلمىگەن يەردىن سۆز قىلماقچى بولۇپ، تۈرمە باشلىقىنىڭ ئۆز ئالدىغا كېلىشىنى تەلەپ قىلىپتۇ. باشلىق ئۇ سولانغان قاماقخانىغا كىرگىنىدە گۇناھكار:

-ئۆلۈم ئالدىدىكى بىر ئىنساننىڭ ئاخىرقى تەلىپىنى ئورۇنداپ ياخشىلىق قىلىشنى خالامسىز؟

ماڭا قەغەز قەلەم بەرگەيسىز، بىر خەت يېزىپ ئۇنى چاپلاپ قولىڭىزغا بېرىمەن، خەتنى ئاچماي ئۆلۈمۈمدىن كېيىن مەن تەلەپ قىلغان ئادرېسقا يوللاپ بېرىشكە خۇدانىڭ ئالدىدا ۋەدە بېرەلەمسىز؟ ئىشىنىڭكى، بۇ تەلىپىمنىڭ بىرەر يامان نىيەت بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. ئەتە مېنىڭ روھىم خۇدانىڭ ئالدىغا كېتىدۇ، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ھەرگىز يالغان ئېيتمىدىم. -دەپتۇ.

باشلىق گۇناھكارنىڭ چىرايىغا دىققەت بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن گۇمانلانماپتۇ. كۆڭلى ئۇنىڭ تەلەپلىرىنى رەت قىلغۇسى كەلمەپتۇ. گويا گۇناھكار پۈتۈن جېنىنى بۇ تەلەپكە بېغىشلىغاندەك، شۇنداق ئۈن-تۈنسىز، جىمجىت تۇرۇپتىكى، كۆزلىرى نۇر چاقناپ كېتىپتۇ...

باشلىق ئۇنىڭ تەلەپ قىلغانلىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئەپكېلىپ بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭ خاتىرجەم بولۇشىنى، تەلىپىنى

ئورۇندايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇ كېچىسى ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان گۇناھكارنىڭ كامىرى ئالدىغا كەلگەن گۇندىپاي ئۇنىڭ يازغان خېتىنى ئاپتۇ.

بىر كېچە ئۆتۈپتۇ. بۇ كېچە بەزىلەر ئۈچۈن جىمجىت، بەزىلەر ئۈچۈن ئازابلىق، گۇناھكار ئۈچۈن بولسا، ئۇيقۇسىز لېكىن راھەت بىر كېچە بوپتۇ. ئۇ باقىي ئالەمنىڭ بوسۇغىسىدا، باشقا بىر دۇنيانى تاماشا قىلىۋاتقاندەك «خۇدايىمغا مىڭ شۈكرى» دەپ ئولتۇرۇپتۇ. تاڭ ئېتىپ، يېڭى بىر كۈن كېلىدۇ، ئىنسانلار ھەر كۈنكىدەك يەنە ئىشلىرىگە مېڭىشىدۇ. گۇناھكارنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلغانلارمۇ شۇنداق. لېكىن بىر سائەتتىن كېيىنلا ھەممە ئىش تۈگەيدۇ-دە!

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، خەت بىر خىزمەتچى ئارقىلىق ھېلىقى ئاكا-ئۇكانىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىلىپتۇ. قورقۇپ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، بىر ياش دەرۋازىنى ئېچىپ خەتنى ئاپتۇ-دە، خەت گۇيا خاتا كېلىپ قالغاندەك ھاڭ-تاڭ بولغان ھالدا، ئۇنىڭغا ئۇزۇن تىكىلىپ قاراپتۇ. ئاخىرى كونۋېرتنى ئېچىپ ئوقۇپتۇ...ئېچىنىپ يىغلاپتۇ... ۋە دەرۋازا بىلەن ئۆينىڭ ئارىلىقىدا ئەقلىنى يوقاتقان ھالدا ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا مېڭىشقا باشلاپتۇ. پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن دات پەرياد قىلىپتۇ. بۇ خەتتە نېمە يېزىلغاندۇ!؟
كۆپ ئەمەس، پەقەت بىر نەچچىلا سۆز...

— ئەتە مەن سېنىڭ كىيىملىرىڭ بىلەن سەن ئۈچۈن ئۆلىمەن. سەن مېنىڭ كىيىملىرىم بىلەن مېنى ئەسلەپ، توغرا ۋە پاك ھايات كەچۈر!

«سەن ئۈچۈن ئۆلىمەن!»

بۇ سۆز ئۇنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر ئازابلاپتۇ. قورقۇش ۋە گۇناھتىن تاشتەك قېتىپ قالغان قەلبى گويا قايتا ئويغانغاندەك بوپتۇ ۋە ئاكىسى يازغان جۈملىلەرنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تەكرارلاپتۇ.

«سەن ئۈچۈن ئۆلىمەن!»

بەلكىم تېخى ئۆلمىگەندۇر! ئۇ شۇئان ئاكىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ تۈرمىگە بېرىپتۇ ۋە قەتئىي ھالدا باشلىق بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا چىدىمىغان خىزمەتچى ئۇنى باشلىقنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. خەتتىكى «مەن سەن ئۈچۈن ئۆلىمەن»دېگەن جۈملىنى ئوقۇغان باشلىق قاتتىق تىترەك بېسىپ، ئۆلگۈچىنىڭ تەلىپىنى، سالماقلىق قاراشلىرىنى ئەسلەپ، بىر ھازاغىچە ئورنىدىن مىدىرلىيالماي تۇرۇپ قاپتۇ. كېيىن قاتتىق ھاياجان بىلەن خەتنى سوتچىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. سوتچىمۇ ئۇنى ئوقۇپتۇ ۋە ھەقىقىي گۇناھكارنى سوراق قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ھەممىنى، يەنى ئۆتكەن ھاياتىنى، قىلغان جىنايىتىنى، قاچقانلىقىنى ۋە پەسكەشلەرچە يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى ئېيتىپ:

— مېنى جازالاڭ! سىزدىن تەلەپ قىلىمەن. مېنى قويۇۋېتىڭ، ئۆلۈۋالاي! دېگەن سۆزلەر بىلەن ئاۋازى ئىچىگە چۈشۈپ

كېتىپتۇ. لېكىن ئۆلگۈچىنىڭ «مەن سەن ئۈچۈن ئۆلىمەن!»دېگەن سۆزى سوتچىغا ئىنتايىن مۇقەددەس بىر تەسىراتنى بېرىپتۇ. بۇنداق چوڭ قۇربان بەرگۈچى بولۇپ باقمىغان. سوتچى پەۋقۇلئاددە بىر ھېسداشلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپتۇ. ئۇ نەقەدەر كۈچلۈك بىر مۇھەببەت بىلەن سۆيۈلگەن-ھە! سوتچى ئۇنى قاماقتا ئىلىپ ۋە ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشنى توغرا تاپماپتۇ. چۈنكى ئاكىسى ئۇنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلغانىدى. ئىنىسى كەچۈرۈم قىلىنىپ، خەتنى قولىدا تۇتقان ھالدا ئۆيىگە قايتىپتۇ.

ماتەم ئۇنىڭغا توۋا قىلىشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپتۇ. ئۇ قاتتىق پۇشايمان قىلغان ھالدا چىن قەلبى بىلەن خۇداغا سېغىنىپ، يىغا-زار بىلەن خۇداغا يالۋۇرۇپتۇ:

-يا رەببىم! مېنى گۇناھىم ئۈچۈن ئۆلتۈرمە! گۇناھلىرىم ئۈچۈن باشقا بىرى ئۆلدى. گۇناھقا قارشى تۇرۇشۇم ئۈچۈن ماڭا سەۋر ۋە قۇۋۋەت بەر. مېنى، مەن ئۈچۈن ئۆلگۈچىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىشكە لايىق قىل. ئۇلارنى بوھتانلاردىن ساقلىشىم ئۈچۈن ماڭا ياردەم قىل ۋە مېنى گۇناھلاردىن ساقلا!

شۇ كۈندىن كېيىن ئۇ شۇ قەدەر ئۆزگىرىپتىكى، دوستلىرى ئۇنى تونۇيالماي قاپتۇ. ئۇنىڭ ھاياتى ھەققانىيەت ۋە مېھىر-مۇھەببەتكە تولغان بولىسمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گويا بىر يات ئادەمدەك تۇرۇپتۇ.

دەسلەپ، كونا دوستلىرى ئۇنى بۇرۇنقى ھاياتقا قايتۇماقچى بولۇشىپتۇ، ئۇ كىشلەرگە چىرايلىقچە:
«بۇ كىيىملەر بىلەن بارالمايمەن، چۈنكى ئاكام ھەرگىز ئۇنداق يەرلەرگە كەتمەيتتى» دېگەن كەسكىن جاۋابنى بېرىپتۇ. دوستلىرى ئاستا-ئاستا پۈتۈن تىرىشچانلىقلىرىنىڭ بىكارغا كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ جېنىنى قىيناشتىن ۋاز كېچىپتۇ. بەزىلەر ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىپتۇ، ئۇنىڭ گۇناھسىز ھاياتىنى كۆزىتىپلا قالماي، ئۇلارمۇ ئۇنىڭ بۇ پاك ھاياتىغا قوشۇلۇپتۇ.

ئۇنىڭ ھاياتى ئىنتايىن تىرىشچانلىق بىلەن ئۆتۈپتۇ، غەيرەتلىرى خۇدانىڭ ئالدىدا مول مېۋە بېرىپتۇ. بۇرۇن چىن دىلىدىن ئېيتقان «مېنى قويىۋېتىڭ، ئۆلىۋالاي» دېگەن سۆزلىرى خۇداغا يېتىپتۇ. ئىككى قېرىنداشنىڭ باقىي ئالەمدە بىرلىشىپ دائىم بىللە بولىدىغان ۋاقتى كەپتۇ.

ئىنىسى ئۆلگەندە، ئۆز تەلىپى بويىچە، ئاكىسىنىڭ كۆينىكى ئۇنىڭ جەسىتى ئۈستىگە يېپىلىپ قەبرىگە ئېلىپ بېرىلىپتۇ. بۇنىڭ چوڭقۇر مەنىسىنى چۈشەنگەن تونۇشلىرى بۇ ۋەقەنى زادى ئۇنتۇماپتۇ.
سۆيۈملۈك دوستۇم، ھېكايىمىز مۇشۇ يەردە ئاياغلىشىدۇ. ئاكىسىنىڭ ئىنىسىگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىگە ھەيران بولمىسىز، بۇنداق مۇھەببەتنى ناھايىتى كەم

ئۇچرىتىدىغانلىقىمىزدىن ھېكايىنى قىزىقىش ۋە ئەندىشە بىلەن ئاخىرىغىچە ئوقۇپ چىقتۇق. دۇنيا ئەدەبىياتىدا بۇ ھېكايىغا ئوخشاش يەنە ئىككى-ئۈچ ۋەقەنى ئوقۇشىمىز مۇمكىن. بىر قېرىنداش ئۈچۈن ياكى ناھايىتى قىممەتلىك بىر دوست ئۈچۈن ئۆلۈشكە جۈرئەت قىلغان بىر قانچە كىشىنى ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن، لېكىن بىزلەرنى ھەممىدىن كۈچلۈك جەلپ قىلىدىغان بىر ۋەقەگە دىققىتىڭلارنى قوزغاشنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەزرىتى ئەيسا بىر قېرىنداش ياكى بىر دوست ئۈچۈن ئەمەس، گۇناھكارلار ۋە دۈشمەنلىرى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان. بىزلەر بەلكى ياخشى بىر ئادەم ئۈچۈن ياكى يۈكسەك بىر غايە ئۈچۈن ئۆزىمىزنى پىدا قىلىشقا تەييار تۇرالىشىمىز مۇمكىن، لېكىن ھەزرىتى ئەيسا بولسا، ناپاك، كىبىرلىك، يالغانچى، شەخسىيەتچى، پىخسىق، ئالدامچى، ھورۇن، ھەسەتخور، خائىن، جېدەلخور، سۆزىدە تۇرماس، زىناخور، كۇپۇرچى، قىساسخور كىشىلەر ئۈچۈن ھاياتىنى بېغىشلىدى. ئۇ:

— ساغلام ئادەم دوختۇرغا موھتاج ئەمەس، كېسەل ئادەم موھتاج بولىدۇ — دېگەنىدى («ئىنجىل» لۇقا 5-باب 31-ئايەت).

ئادەمئاتا بىلەن ھاۋائانا ئىتائەتسىزلىكلىرى ئۈچۈنلا ئەرەن باغچىسىدىن قوغلىنىپ، مەڭگۈلۈك ھاياتتىن مەھرۇم بولىدى. بىزلەر بولساق، خۇدا ئالدىدا بىر قېتىم ئەمەس، سانسىز قېتىملاپ ئىتائەتسىزلىك قىلدۇق ۋە شۇنداق قىلماقتىمىز. يۈكىمىز ناھايىتىمۇ ئېغىر. ئۆز كۈچىمىز، غەيرىتىمىز بىلەن

ئەسلا گۇناھلىرىمىزنىڭ جازاسىنى ئۆتيەلمەيمىز. ئەھۋالىمىز ھېكايىدىكى ياش قېرىنداشنىڭ ئەھۋالىغا ناھايىتى ئوخشايدۇ، ئادالەتتىن، ھۆكۈمدىن ۋە مەڭگۈلۈك ئۆلۈمدىن قورقىشىمىز كېرەك.
ھېچكىم «خۇدا گۇناھىمىزغا كۆز يۇمىدۇ»دەپ قارىمىسۇن! يوشۇرۇشنى بىلمەيدۇ، قاراڭغۇمۇ دېمەيدۇ، لېكىن خۇدا چارىسىزلىكىمىزنى بىلىپ، ھەزرىتى ئەيسا مەسىھنى قۇتقۇزغۇچى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ گۇناھسىز بولسىمۇ، بىزنىڭ گۇناھ يۈكىمىزنى ئۈستىگە ئېلىپ جازايىمىزنى تارتتى. قورقۇنچ، ئازابلار ئىچىدە ئۆلدى. دىن، تىل، ېرق ئايرىماي پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن جېنىنى تەقدىم قىلدى. سىز ھەم بىز ئۈچۈن ئۆلدى.

سوتچى ئاكىسىنىڭ مۇھەببىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تەقدىم قىلغان ھاياتىنى ياش ئىنىسىنىڭ ھاياتى ئورنىغا دەسسەتتى، ئىنىسىنى كەچۈرۈم قىلىپ قويۇپ بەردى. خۇدا بۇ دۇنيا سوتچىلىرىدىن ئەلۋەتتە، ناھايىتى ئۈستۈندۇر. ئەيسا مەسىھنى قۇتقۇزغۇچى ۋە رەب دەپ ئېتىراپ قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ھۆكۈم ئېلان قىلىنمايدۇ. ئەيسا مەسىھنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئورنىدا ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىپ ئۆلۈشىنى خۇدا ماقۇل كۆردى. رەببىمىز ئەيسانى ئۆلۈمدىن ئۈچ كۈن كېيىن تىرىلدۈرۈش بىلەن ئۇنىڭ قىلغان ھەممە ئىشىدىن خۇرسەنلىكىنى بىزگە كۆرسەتتى.

ئەپسۇسكى ئىنسانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئەيسا مەسىھنىڭ مۇھەببىتىنى ۋە ئۆلۈمىنىڭ بىباھا قىممىتىنى قەدىرلىمەيدۇ. ھەتتا بىر كىشىنىڭ باشقا بىرى ئورنىدا جازالىنىشى، ئۆلۈشى مۇمكىنمۇ دەپ، ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرۈپ، ئەيساغا مەنسۇپ بولغانلارنى خارلايدۇ.

بۇنداق ئىنسانلار ئاكىسىنىڭ كىيىمىنىڭ پاكلىقىنى چۈشەنسىچۇ كاشكى! ئەيسا مەسىھ بۇ دۇنيادا پاك-پاكىز، داغسىز، ھېيلىسىز بىر ھايات كۆچۈردى. ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى ۋە ھەربىر ھەرىكىتى ھەقىقەت ۋە مېھىر-مۇھەببەت بىلەن تولغانىدى. دۈشمەنلىرىگىمۇ ئىلتىپات بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئەيسا بىزنىڭ مەينەت، گۇناھ تونىمىزنى كىيىپ، بىزگە كىچىككىنە داغمۇ بولمىغان ئۆز تونىنى ئامانەت قىلدى. بۇ تونىنى كىيگەنلەر ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس بىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. قۇتقۇزغۇچىغا بولغان مۇھەببىتىدىن دەل ئۇنىڭدەك بولۇش، ئۇنىڭدەك سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنى قىلىش، ئۇنىڭدەك مېھىر-مۇھەببەتلىك بولۇشنى خالايدۇ. رەبنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى بىلىم، مال، شۆھرەت، ۋە بۇ دۇنياغا ئائىت پۈتۈن نەرسىلەردىن قىممەتلىك بىلىدۇ.

بۇنداق ئىنسانلار بۇ يېڭى ھايات ئۈچۈن قەيەردىن كۈچ ئالىدۇ ... ئەيسا مەسىھ ھېكايىدا ئوقۇغىنىڭىزدەك، بىزگە پەقەت پاك تونىنىلا قالدۇرۇپ قالماستىن، بەلكى خۇدا ئەيسانى ئۆلگەندىن ئۈچ كۈن كېيىن تىرىلدۈردى. ئەيسا

مەسىھ ئۆزىگە قۇتقۇزغۇچى، دەپ ئېتىقاد قىلغانلارغا ئۆز هايات روهىنى ۋە ئۆزىدە بولغان پۈتۈن هايات بايلىقىنى مۇھەببەت، ئادىللىق، ياخشىلىق، پاكلىقنى تەقدىم قىلدى. ئۇلارنىڭ هاياتى هازىردىن باشلاپ مەڭگۈلۈكتۇر. يەنى، روھقا ئائىت بولۇپ ياشايدۇ، گەرچە ئەيساغا ئېقىندىن ئەگەشكۈچىلەردە مۈشكۈللۈكلەر ۋە قىيىنچىلىقلار ئاز بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆلۈمنى يەڭگەن ئەيسا مەسىھ ئۇلار قىيىنچىلىقا يولۇققان چاغدىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بولىدۇ. ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ. ئەيسا شۇنداق دېگەندى:

«تار ئىشىكتىن كىرىڭلار، چۈنكى كىشىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئىشىك كەڭ، يولىمۇ ئاسان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىرىدىغانلار كۆپ، لېكىن
مەڭگۈلۈك ھاياتقا ـئېلىپ بارىدىغان ئىشىك تار، يولىمۇ تەس بولۇپ، ئۇنى
تاپىدىغانلار ناھايىتى ئاز». (ئىنجىل: «ماتتا» 7ـباب 13ـ، 14ـئايەت)

## هايات ئۈچۈن هايات!

قەدىرلىك كىتابخان،
بۇ پەۋقۇلئاددە مۇھەببەتكە ھەر قانداق بىر تەبىر بېرىشتىن ئاۋۋال، ئۇنى چوڭقۇر چۈشۈنۈشنى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ تەڭدىشى يوق مۇھەببەتنى جاۋابسىز

قالدۇرماسلىقىڭىزنى تىلەيمەن.

بۇ ھەقتە ئاگلىماقچى ياكى سورىماقچى بولغان مەسىلىلەر بولسا، ماڭا خەت يازغايسىز.